بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ


# ئىسلام ئاۋازى

9- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سوئال: سەلەف سالىھقا يەنە قايسى ئىسىملار ئىشلىتىلىدۇ؟

جاۋاب: «سەلەف سالىھ» دېگەن سۆز «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن مەنىداش بولۇپ، ئۇلارغا يەنە سەلەف ئۆلىمالىرى ئىشلىتىپ مەشھۇر بولغان «ئەھلىل ئەسىر، ئەھلى ھەدىس، تائىفەتۇل مەنسۇرە، فىرقەتۇنناجىيە، ئەھلىل ئىتىبائ، غۇرابا» دېگەن ئىسىملار ئىشلىتىلىدۇ.

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

سوئال: نېمە ئۈچۈن سەلەف سالىھنىڭ ئەقىدىسى ئەگىشىشكە ئەڭ ھەقلىق؟

جاۋاب: توغرا بولغان ئەقىدە بۇ دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. بارلىق مەرىپەتلەر توغرا بولغان ئەقىدە ئۈستىگە بەرپا بولىدۇ شۇڭا ئەقىدىسى توغرا بولغان كىشىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى توغرا بولىدۇ، ئەقىدىسى بۇزۇق بولغان كىشىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى بۇزۇق بولىدۇ. مۇشۇ ئاساستىن توغرا ئەقىدىدىن باشقا نەرسە ئۈستىگە بەرپا بولغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئاقىۋىتى ۋەيران بولۇشتۇر.

مۇئمىن بەندىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان توغرا ئەقىدە بولسا الله تعالى غا يېقىنلاشتۇرىدىغان، الله تعالى نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان، ئۇ ئارقىلىق مۇئمىن ئۆزىنىڭ ئىنسان ۋە جىنىدىن بولغان شەيتانلاردىن تەشكىللەنگەن دۈشمەنلىرىدىن قورغىنىلىنىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر.

سوئال: بۇ توغرا ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى نېمە؟

جاۋاب: بۇ ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى شەرەپلىك ئىككى ۋەھيىنى (قۇرئان ۋە ھەدىسنى) مەنبە قىلغان توغرا بولغان ئىلىمدۇر، تاغۇتقا كاپىر بولۇشتۇر، شەرئىي تەكلىپاتنىڭ تەقەززاسىنى بەرپا قىلىشتۇر، قۇلچىلىق قىلىشتا نىيەتنى الله قا خالىس قىلىشتۇر ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىشتە راستچىل بولۇشتۇر.

بىز بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇشۇ ئەقىدىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا، ئۇنى ساھابىلىرىنىڭ قەلبلىرىدە مۇستەھكەم يىلتىز تارتقۇزۇشقا ۋە ئۆمۈر بويى ساھابىلىرىنى مۇشۇ ئەقىدە ئۈستىدە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسەت — شۇ ئەركەكلەرنى مۇستەھكەم بىر ئۇل ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىشتۇر. قۇرئان كەرىم مەككىدە ئون ئۈچ يىل جەريانىدا ھەمىشە ئۆزگەرمەس بىر مەسىلە ھەققىدە نازىل قىلىنغانىدى. ئاگاھ بولۇڭلار! ئۇ ئۆزگەرمەس مەسىلە بولسا ئەقىدە مەسىلىسىدۇر ۋە شېرىكتىن شېرىكنىڭ ھەممە تۈرلىرى بىلەن قوشۇپ ئاگاھلاندۇرۇش مەسىلىسىدۇر. شۇ تۈپەيلى پەيغەمبەر ﷺ مەككىدە پەقەت شۇ ئەقىدىگىلا دەۋەت قىلاتتى ۋە ساھابىلىرىنى شۇ ئەقىدە ئۈستىدە تەربىيىلەيتتى چۈنكى ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى يارىتىشتىكى، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشتىكى، كىتابلارنى نازىل قىلىشتىكى ئەڭ كاتتا غايە الله تعالى نى قۇلچىلىقتا يەككىلەشتۈرۈشتۇر (يەنى يېگانە الله قىلا قۇلچىلىق قىلىشتۇر). الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (سۈرە زارىيات 56- ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق ئىسلام دەۋەتچىلىرى بىرىنچى بولۇپ ئەڭ ئاۋۋال مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا دەۋەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: <الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن (يەنى الله تىن باشقا ئىبادەت قىلىنغان ۋە ئىبادەت قىلىنىشنى يامان كۆرمىگەن ھەر قانداق مەخلۇقتىن) يىراق بولۇڭلار> دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق» (سۈرە نەھل 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

«تُعْرَضُ الأَعْمالُ يَوْمَ الاثْنَيْنِ والخَمِيس فَأُحِبُّ أنْ يُعْرَضَ عَمَلِي وأنا صائِمٌ» عن أبي هريرة (ن).

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى الله قا تەقدىم قىلىنىدۇ. مەن روزا تۇتقان ھالدا ئەمەللىرىمنىڭ الله قا تەقدىم قىلىنىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن» (نەسائى توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىيسى

بۇ ھەدىس «تحفة الأحوذي» دېگەن كىتابتا مۇنداق شەرھلەنگەن: ئىبنى مەلىك مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: <كېچىنىڭ ئەمىلى كۈندۈزنىڭ ئەمىلىدىن بۇرۇن كۆتۈرۈلىدۇ، كۈندۈزنىڭ ئەمىلى كېچىنىڭ ئەمىلىدىن بۇرۇن كۆتۈرۈلىدۇ>. دېمەك، بۇ ھەدىس يۇقىرىقى ھەدىس بىلەن قارشى كەلمەيدۇ چۈنكى ئەمەلنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئەمەلنىڭ تەقدىم قىلىنىشى ئارىسىدا پەرق بار. ئەمەللەر ھەپتىدە توپلىنىدۇ ۋە مۇشۇ ئىككى كۈندە الله قا تەقدىم قىلىنىدۇ چۈنكى ھەپتىنىڭ ئەمەللىرى تەپسىلىي ھالدا الله قا تەقدىم قىلىنىشى، يىلنىڭ ئەمەللىرى بولسا الله قا ئومۇمىي تەقدىم قىلىنىشى مۇمكىن».

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس <ئەمەللەر شەئباندا كۆتۈرۈلىدۇ> دېگەن ھەدىسكە زىت كەلمەيدۇ».

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يَعِدُكُمُ اللَّهُ إِحْدَى الطَّائِفَتَيْنِ أَنَّهَا لَكُمْ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ الشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ وَيُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُحِقَّ الْحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ وَيَقْطَعَ دَابِرَ الْكَافِرِينَ ۞ لِيُحِقَّ الْحَقَّ وَيُبْطِلَ الْبَاطِلَ وَلَوْ كَرِهَ الْمُجْرِمُونَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۆز ۋاقتىدا الله ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنى بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى)تىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. الله ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ [7]. الله گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ھەقنى ھەق (يەنى ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (يەنى كۇفرى)نى بەربات قىلىدۇ [8]» (سۈرە ئەنفال 7-، 8- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

«تەپسىر تەبەرى»دە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە ﴿وَإِذْ يَعِدُكُمُ اللَّهُ إِحْدَى الطَّائِفَتَيْنِ﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببا‌س رضي الله عنه نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «مەككە كارۋانلىرىنىڭ شامدىن ماڭغانلىق خەۋىرى مەدىنە ئەھلىگە يېتىپ كەلدى، مەدىنە ئەھلى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن كارۋاننى ئىرادە قىلىپ چىقتى. بۇنىڭدىن مەككە كارۋانلىرى خەۋەر تېپىپ، <مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەسھابىلىرى كارۋانغا غالىب كېلىپ قالمىسۇن> دەپ مەككىگە مېڭىشنى تېزلەتتى. ئاندىن كارۋان رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئىلگىرىلەپ كەتتى. الله تعالى مۇسۇلمانلارغا ئىككى تائىپىنىڭ بىرىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلار بولسا غەنىيمەتنى نەق، قۇۋۋىتى ئاز بولغان كارۋانغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. كارۋان رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇچراشماي ئىلگىرىلەپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشنى ئىرادە قىلغانىدى، مۇسۇلمانلار شانۇ - شەۋكەتلىك ۋە كۈچ - قۇۋۋەتلىك بولغان ئۇ كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىشنى خالىمىدى».

قەتادە الله تعالى نىڭ بۇ ئايىتى توغرىسىدا: «ئىككى تائىپىنىڭ بىرى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب بولۇپ، ئۇ شۇ ۋاقىتدا كارۋان بىلەن شامدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. يەنە بىر تائىپە بولسا ئەبۇ جەھىل بولۇپ، ئۇ بىر تۈركۈم قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن بىللە چىققانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار كۈچ - قۇۋۋەتلىك بولغان قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن ئېلىشىشنى خالىماي، ئەكسىچە كارۋاننى توسۇشنى ئارزۇ قىلدى. الله خالىغان نەرسىنى ئىرادە قىلدى» دەيدۇ.

الله تعالى نىڭ: ﴿وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ الشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ﴾ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى سودا كارۋىنىدىن ئىبارەت كۈچ - قۇۋۋىتى يوق تائىپىنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇچرىشىشىنى ياخشى كۆرەتتى».

الله تعالى نىڭ: ﴿وَيُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُحِقَّ الْحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ﴾ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «يەنى، الله سىلەرنى ئۇلارغا قارشى غەلىبە قازاندۇرۇش، ئۆز دىنىنى ئاشكارا قىلىش، تەۋھىد كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش، ئىسلامنى باشقا دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن كەلگەن دۈشمەنلەرگە سىلەرنى ئۇچراشتۇرۇشنى خالايدۇ. الله بارلىق ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلگۈچىدۇر. بەندىلەر قارىماققا ئۇنىڭ قارشىسىنى ياخشى كۆرگەن بولسىمۇ، الله ئىشلارنى ئەڭ ياخشى تەدبىر قىلغۇچىدۇر. خۇددى الله سۈرە بەقەرەدە ئېيتقاندەك: <سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار> (سۈرە بەقەرە 216- ئايەت)».

الله تعالى نىڭ: ﴿وَيُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُحِقَّ الْحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ وَيَقْطَعَ دَابِرَ الْكَافِرِينَ﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئەبۇ جەئفەر مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر غەنىيمەت ۋە مالنى ئىرادە قىلغان بولساڭلارمۇ، الله سىلەرنى كۇففارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن ئىسلامنى ئالىي قىلىشنى ۋە ھەقنى ئۈستۈن قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ.

﴿وَيَقْطَعَ دَابِرَ الْكَافِرِينَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — الله ئۆزىنىڭ تەۋھىدىگە تانغۇچىلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشنى ئىرادە قىلىدۇ».

الله تعالى نىڭ: ﴿لِيُحِقَّ الْحَقَّ وَيُبْطِلَ الْبَاطِلَ وَلَوْ كَرِهَ الْمُجْرِمُونَ﴾ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ئەللامە سەئدى مۇنداق دەپ تەپسىر بەرگەن: «﴿لِيُحِقَّ الْحَقَّ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — ئۇنىڭ راستلىقىغا ۋە سەھىھلىكىگە ئۇچۇق ھۆججەت ۋە پاكىتلار ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىدۇ.

﴿وَيُبْطِلَ الْبَاطِلَ﴾نىڭ مەنىسى — الله ئۇنىڭ باتىللىقىغا تۇرغۇزغان گۇۋاھچىلار ئارقىلىق باتىلنى باتىل قىلىدۇ.

﴿وَلَوْ كَرِهَ الْمُجْرِمُونَ﴾نىڭ مەنىسى — الله ئۇلارغا پەرۋا قىلمايدۇ».

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

### رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆز ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشى

رەسۇلۇللاھ ﷺ زەفران دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە ئاخباراتچىلىرى كارۋاننىڭ قېچىپ كەتكەنلىك ۋە قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ زور قوشۇن بىلەن لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

ئېنىقكى، بۇ قېتىم مەككە قوشۇنىنىڭ ئاشۇ رايونلاردا ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇش — ئۇلارنى ئەسكىرىي ۋە سىياسىي جەھەتتە قولليغانلىق ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاجىزلاشتۇرغانلىق، خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك ھېسابلىناتتى. بۇنداق قىلىش ئىلاھىي ھەرىكەتنى روھسىز جەسەتكە ئوخشىتىپ قوياتتى ۋە مۇشۇ ئەتراپتىكى ئىسلام دىنىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان قارا نىيەتلەرنىڭ يۈرىكى يوغىناپ يامانلىققا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمانلار تەرەپ ئازراق سۇسلۇق قىلسا، مەككە مۇشرىكلىرى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ مەدىنىگە بېسىپ كىرىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ يۇرتى بولغان مەدىنىدە قىرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە نام - شەرىپىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزەتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىۋاتقان خەتەرلىك ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ كەڭ كۆلەملىك ئەسكىرىي كېڭەش ئېلىپ باردى. بۇ كېڭەشتە ۋەزىيەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بارلىق مۇجاھىد ۋە قوماندانلاردىن پىكىر ئالدى. دەل شۇ چاغدا بىر تۈركۈم ساھابىلەرنىڭ قەلبىگە قورقۇنۇش چۈشۈپ قانلىق توقۇنۇشتىن ئەنسىرەپ قالدى. بۇ كىشىلەر ھەققىدە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «(غەنىيمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭدىن (يەنى ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ) ياقتۇرمىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم

(داۋامى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ [5]. ئۇلار گويا (ئالامەتلىرى) كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ھەقىقەت (يەنى ئۇرۇشقا چىقىش مەسىلىسى) ئۈستىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ [6]. ئۆز ۋاقتىدا الله ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنى بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى)دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى. سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. الله ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ [7]. الله گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي ھەقنى ھەق (يەنى ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (يەنى كۇفرى)نى بەربات قىلىدۇ [8]» (سۈرە ئەنفال 5-، 6-، 7-، 8- ئايەتلەر).

بۇ ۋاقىتتا قوشۇن قوماندانلىرىدىن ئەبۇ بەكرى سىددىق رضي الله عنه ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنتايىن ياخشى سۆز قىلدى، ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه مۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ناھايىتى ياخشى پىكىر بەردى، ئارقىدىن مىقداد ئىبنى ئەمرى رضي الله عنه ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭ، بىز سەن بىلەن بىللە. الله بىلەن قەسەمكى، بىز ساڭا بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگەندەك: <سەن رەببىڭ بىلەن بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى> دېمەيمىز»، (سۈرە مائىدە 24- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بەلكى: <سەن رەببىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ ئۇرۇشۇڭلار، بىزمۇ سىلەر بىلەن بىر سەپ بولۇپ ئۇرۇش قىلىمىز> دەيمىز. سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، سەن بىزنى بەركولغىماد[1] دېگەن جايغا باشلىساڭ، تاكى شۇ يەرگە بارغۇچە بىز سەن بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىمىز» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مىقداد رضي الله عنه غا ياخشى سۆز قىلىپ، ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئا قىلدى.

بۇ ئۈچ كىشى مۇھاجىرلار قوماندانلىرىدىن بولۇپ، مۇھاجىرلار قوشۇنىنىڭ ئاز سانلىقىنى تەشكىل قىلاتتى شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنسارىلار قوماندانلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقماقچى بولدى چۈنكى ئەنسارىلار قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى ۋە جەڭنىڭ ئېغىر يۈكى ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنەتتى. ئەڭ مۇھىمى، بۇلاردىن ئەقەبەدە ئالغان بەيئەتنىڭ ماددىسىدا ئەنسارىلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مەدىنىنىڭ سىرتىدىمۇ قوغداش بېكىتىلمىگەن ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچ قوماندانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئەنسارىلارنى كۆزدە تۇتۇپ: «ئى خالايىقلار! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەقسىتىنى ئەنسارىلارنىڭ قوماندانى ۋە بايراقدارى سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه چۈشىنىپ: «الله بىلەن قەسەم، بىزنى دېمەكچىمۇسەن ئى رەسۇلۇللاھ؟» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «شۇنداق» دېدى. ئاندىن سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن بىز سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ئىمان كەلتۈردۇق ۋە سېنى تەستىقلىدۇق، سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدۇق (گۇۋاھلىق بەردۇق). بىز سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا ئەھدە - پەيمانلارنى بەردۇق. ئىرادەڭ بويىچە ئىش ئېلىپ بارغىن. سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، سەن بىزنى بۇ قىزىل دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرۇساڭ ھېچقايسىمىز باش تارتماي كىرىمىز. بىز ئەتە دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى يامان كۆرمەيمىز. ھەقىقەتەن بىز ئۇرۇشتا سەۋرچان، جەڭدە چىدامچان ئادەملەرمىز. الله تعالى ساڭا بىزدىن كۆزۈڭ خۇرسەن بولىدىغان ئىشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. سەن الله نىڭ بەرىكىتى بىلەن سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرغىن».

يەنە بىر رىۋايەتتە، سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئەنسارىلارنىڭ پەقەت مەدىنىنىڭ ئىچىدىلا مېنى قوغداش ۋە ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بار دەپ ئەنسىرەۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن، مەن ئەنسارىلارغا ۋاكالىتەن جاۋاب بېرەي. سەن بىزنى خالىغان يېرىڭگە باشلاپ ماڭغىن، خالىغان كىشى بىلەن مۇناسىۋەت باغلا، خالىغان كىشىدىن ئالاقەڭنى ئۈزگىن. بىزنىڭ ماللىرىمىزدىن خالىغىنىڭنى ئال، خالىغىنىڭنى بىزگە بەر، سەن بىزدىن ئالغان مال - مۈلۈك بىزگە قويۇپ قويغان مالدىن سۆيۈملۈكراق. سەن بىزنى قايسى ئىشقا بۇيرۇساڭ، بىز شۇنى ئىجرا قىلىمىز. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن بىزنى غەمداننىڭ بەرىكە دېگەن يېرىگە بۇيرۇساڭ، بىز ئەلۋەتتە سەن بىلەن بىللە ماڭىمىز. الله بىلەن قەسەمكى سەن بىزنى بۇ دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرۇساڭ بىز ئىككىلەنمەستىن كىرىمىز» دېدى.

سەئىد رضي الله عنه نىڭ سۆزى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى خۇرسەن قىلدى ۋە جانلاندۇرۇۋەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مېڭىڭلار، خۇش بىشارەت ئېلىڭلاركى، الله ماڭا ئىككى تائىپىنىڭ بىرىنى (كارۋان ياكى مۇشرىك قوشۇنىنىڭ بىرىنى) ۋەدە قىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، گوياكى مەن كاپىرلارنىڭ يىقىلغان ئورۇنلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن» دېدى.

ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ ﷺ غازاتلاردا ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سېلىشقا ھېرىسمەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ سۈننىتى — غازاتلاردا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ چۈنكى غازاتلار ئۈممەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ.

مانا بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن مۇسۇلمانلار قوشۇنى بەدرگە قاراپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، بەدر قۇدۇقىغا يېقىن بىر يەرگە چۈشتى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

[1] بەركولغىماد — يەمەندىكى بىر جاينىڭ نامى.



# قان بىلەن يېزىلغان سۆزلەر



(7)

ئى ئىسلام ئۈممىتى! بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامى سەۋەبلىك دۈشمەنلەرنىڭ ئىرقى كەمسىتىشى ۋە تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە دۇچار بولماقتا، مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرى بېسىۋېلىنغان، تۈرمىلەر ئۇلارنى قىيىن - قىستاققا ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش بىلەن تولغان.

ئى ئىسلام ئۈممىتى! بۈگۈنكى كۈندە ئافغانىستان، ئىراق ۋە پەلەستىن خەلقلىرى دۇچ كېلىۋاتقان دەرت - خاپىلىقلار پەقەت مۇشۇ دىيارلارغىلا خاس ئېغىرچىلىقلارمۇ؟ قۇرئانىمىز بىزگە بۇ قىيىنچىلىقلارغا قارشى ھېچ ھەرىكەت قىلماستىن سۈكۈت قىلىشقا يول قويامدۇ؟

شۇنى ياخشى بىلىۋېلىڭلاركى، ئامېرىكىنىڭ پىلانى پەقەت ئافغانىستان ۋە ئىراقنى بېسىۋېلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ بەلكى ئافغانىستان ۋە ئىراقنى كونترول قىلىش ۋاسىتىسى بىلەن رايوندىكى ئىسلام دۇنياسى مەركىزىنىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشماقتا.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز دىن، ئەقىدە، ئەنئەنە، مەدەنىيەت ۋە پايدا - مەنپەئەتلەردە ئورتاق بولغىنىمىزدەك، كېلىڭلار! دەرت - ئەلەملەر ۋە غەم - ئەندىشىلەردە، ئۈمىد، خۇشاللىقلار ۋە دوست - دۈشمەنلىكلەردە ئورتاق بولايلى. كېلىڭلار! مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ دەرت - ئەلەملىرىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن جان ۋە مال بىلەن ھەسسە قوشۇڭلار، ئۇلارغا قارىتا سەمىمىي سىياسى قارارلارنى ئېلىش




(شەيخ موللا مۇھەممەد ئۆمەر رحمه الله)

بىلەن ياردەم قىلىڭلار.

بارلىق مۇسۇلمانلارنى مۇبارەك روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەيمەن! ئۇلۇغ الله تىن ئۇلارغا تاجاۋۇزچى ئامېرىكىلىقلارغا قارشى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مۇستەھكەم ئىرادە ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ يولدا بەرگەن قۇربانلىقلىرىنى الله نىڭ قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن! ئۇلۇغ، بۈيۈك ئىگىمىزدىن ئىسلام ئۈممىتىگە بارلىق دىيارلىرىنىڭ ئازادلىقىنى ئىنئام قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭدا ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشكە نېسىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە مۇجاھىدلار قۇربان بېرىۋاتقان پاك قانلارنى قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن!

— ئەمىرىلمۇئمىنىن مۇجاھىد موللا مۇھەممەد ئۆمەر (الله ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!)

(8)

ئىسلامنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى ۋە بۇ دىنىنىڭ پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىشى شەك-شۈبھىسىز مەسىلە ۋە كەسكىن بىرئىشتۇر. كۈرەشنىڭ مۇددىتى قانچە ئۇزۇنغا سوزۇلسۇن، مۇشەققىتى قانچە ئېغىرلاشسۇن، پاجىئەلىرى قانچە چوڭايسۇن ۋە دائىرىسى قانچە كېڭەيسۇن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلامىي ئىمكانىيەتلەر قانچە ئاجىزلاشسۇن ۋە تارتقان زىيانلارنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك چوڭ بولسۇن بەرىبىر كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ. ۋاسىتىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، سەۋەبلەرگە ئېرىشىلگەندىن كېيىن غەلىبە كەلمەي مۇمكىن ئەمەس، قۇرئان ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەرلىك نۇتۇقلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتە ۋە تارىخىي رېئاللىقلار ھەم شۇنى ئىسپاتلىماقتا.

بىز ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چوقۇم پۈتۈن دۇنياغا يۈز كۆرۈلىدىغانلىقىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىنى يىقىتىپ كوممۇنىزم كېڭەيمىچىلىكىنى پاچاقلاپ تاشلىغان ئاشۇ پىداكار ئەۋلادنىڭ ئۆزى خەلقئارالىق خرىستىئان كېڭەيمىچىلىكىنى يىمىرىپ تاشلايدىغانلىقىغا، بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەھۇدىي تاجاۋۇزچىلىقىنىڭمۇ ئۆپكىسى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايمىز. تېخى كۈنلەر ئالدىمىزدا، دۇنيا قولدىن - قولغا ئۆتكۈچى ۋە ئۇرۇش غەلىبىسى نۆۋەت بىلەندۇر.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈنى بۇ پىرقىدە، بىر كۈنى ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)» (سۈرە ئال ئىمران 140- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

خرىستىئانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەركە بالىسى بولغان يەھۇدىي قىساسكارلىرى بۇ ئايەت بايان قىلغان قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئەلۋەتتە.

— مۇھەددىس، ئەللامە سۇلايمان ئىبنى ناسىر ئۇلۋان (الله ئۇ كىشىنى تېزرەك تۈرمىدىن خالاس قىلغاي!)



(شەيخ سۇلايمان ئىبنى ناسىر ئۇلۋان حفظه الله)

# سەبىلەر سەھىپىسى



## جەننەتنىڭ يولى

بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دوستلىرىدىن ھەزرىتى مۇئاز رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ گە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ۋە جەھەننەمدىن ئۇزاقلاشتۇرىدىغان بىر ئەمەلنى دەپ بەرسەڭ! — دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سەن ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتىن سورىدىڭ ئەمما بۇ الله ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن كىشى ئۈچۈن ناھايىتى قۇلايدۇر. ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك قىلمىغان ھالدا پەقەت الله قىلا قۇللۇق قىلغىن، نامازنى تەئدىل - ئەركان بىلەن ئوقۇغىن، زاكات بەرگىن، رامىزان روزىسىنى تۇتقىن، كۈچۈڭ يەتسە ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭ يار بەرسە ھەجگە بارغىن، — دېدى. سۆزىنىڭ داۋامىدا:

— ئەمدى ساڭا ياخشىلىقنىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ روزا — (جەھەننەم ۋە گۇناھلارغا قارشى) قالقاندۇر. سەدىقە سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك گۇناھنىڭ ئازابىنى يوق قىلىدۇ، كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ئوقۇغان نامازمۇ گۇناھلارنىڭ ئازابىنى يوق قىلىدۇ، — دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ). ئۇلار (پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خوشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ» (سۈرە سەجدە 16-، 17- ئايەتلەر). ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ساڭا بارلىق ئىشلارنىڭ بېشىنى، ئاساسى تۈۋرۈكىنى ۋە چوققىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — ھەزرىتى مۇئاز رضي الله عنه:

— ماقۇل! ئېيتىپ بەرگىن ئى رەسۇلۇللاھ، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، چوققىسى جىھادتۇر، — دېدى. ئاندىن:

— ساڭا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جان تومۇرىنى دەپ بېرەيمۇ؟ — دېدى. ھەزرىتى مۇئاز رضي الله عنه:

— قېنى ئېيتىپ بەرگىن ئى رەسۇلۇللاھ، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ تىلىنى تۇتۇپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ تىلىڭنى يىغقىن! — دېدى. ھەزرىتى مۇئاز رضي الله عنه:

— ئى رەسۇلۇللاھ، بىز قىلغان گەپ - سۆزلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ھېساب بېرەمدىمىز؟ — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى مۇئاز، ھالىڭغا ۋاي! ئىنسانلارنىڭ جەھەننەمگە كىرىشىگە شۇ تىل بىلەن قىلغان گۇناھلار سەۋەبچى، — دېدى (تىرمىزى: «ئىمان» 8).










# سۈرىيە جىھادى ۋە شىئەلەر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

⑨ جۈمە ئوقۇمايدۇ، ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى جۇنۇپلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىشنى چەك تۇتمايدۇ.

⑩ ئۇلارنىڭ ئاممىۋى مەسجىدلىرى يوق بولۇپ، نامازلىرىنى ئۆيلىرىدە ئوقۇيدۇ. نامازلىرىدا ئاساسسىز، خۇراپاتلىققا ئائىت نەرسىلەرنى تىلاۋەت قىلىدۇ.

⑪ ھەجنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى «كاپىرلىق»، «بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش» دەپ قارايدۇ.

⑫ بىز مۇسۇلمانلاردىكى شەرئىي زاكاتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بولۇپ، مال-مۈلكىنىڭ بەشتىن بىرىنى شەيخلىرىغا باج سۈپىتىدە تۆلەيدۇ.

⑬ ساھابىلەرنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان (رضي الله عنهم) لارغا لەنەت ئوقۇيدۇ.

⑭ ئۇلار ئەقىدىنىڭ باتىنىي ۋە زاھىرىي تەرەپلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۆزلىرىلا سىرلارنىڭ باتىنىي قىسمىنى بىلىدىغانلىقلىرىنى دەۋا قىلىشىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتمىش:

جۇنۇپلۇق — ئۆز مەزھىبىگە زىت بولغانلارنى دوست تۇتۇش ۋە باتىنىي ئىلىمنى بىلمەسلىك.

تاھارەت — ئۆز مەزھىبىگە زىت بولغانلارنى ئۆچ كۆرۈش ۋە باتىنىي ئىلىمنى بىلىش.

روزا — ئوتتۇز ئەر، ئوتتۇز ئايال بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىرنى ساقلاش.

زاكات — سەلمان رضي الله عنه نىڭ شەخسىيىتى بىلەن سىمۋۇل قىلىش.

جىھاد — دۈشمەنلەرگە ۋە سىرلارنى ئاچقانلارغا لەنەت ياغدۇرۇش.

دوستلۇق — نۇسەيرىيە ئائىلىسىگە ئىخلاس قىلىش ۋە رەقىبلىرىنى يامان كۆرۈش.

شەھىدلىك — بۇ «ع، م، س» ھەرپلىرىگە ئىشارە.

قۇرئان — ئەلى رضي الله عنه غا نىسبەتەن ئىخلاس قىلىش تەلىماتىنىڭ باشلانغۇچىدۇر. سەلمان رضي الله عنه «جىبرىئىل» ئىسمى بىلەن كېلىپ قۇرئاننى مۇھەممەد ﷺ گە ئۆگەتكەن.

ناماز — ئەلى، ھەسەن، ھۈسەين مۇھسىن ۋە فاتىمەدىن ئىبارەت بەش ئىسىمدۇر. مۇھسىننىڭ بىر سىر ئىكەنلىكىنى، فاتىمە رضي الله عنها تەرىپىدىن چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ. بۇ ئىسىملارنى زىكىر قىلىش غۇسۇل، جۇنۇپلۇق ۋە تاھارەتنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

ئىسلام ئالىملىرى نۇسەيرىيىلەر بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى، بوغۇزلىغان ماللىرىنى يېگىلى بولمايدىغانلىقى، ئۆلگەنلىرىنىڭ نامىزىنىڭ چۈشۈرۈلمەيدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن. بۇلاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ يۇرتىنىڭ مۇداپىئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىستراتېگىيىلىك جايلاردا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنىڭمۇ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «<نۇسەيرىيىلەر> دەپ ئاتىلىدىغان ئۇ قەۋم ۋە بارلىق باتىنىي قەرامىتىلەرنىڭ تۈرلىرى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىنمۇ، ھەتتا نۇرغۇنلىغان بۇددىست كاپىرلاردىنمۇ ئەشەددىي كاپىردۇر. ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرى مۇڭغۇل، پەرەڭ (ياۋروپا ۋە باشقا جايلاردىكى يەھۇدىي ۋە ناسارالار) ۋە باشقىلارغا... ئوخشىغان ئۇرۇشقاق كاپىرلارنىڭ زىيىنىدىنمۇ ئارتۇقتۇر. ئۇلار ھەممىشە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىر سەپتە بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلاردىن كەلگەن ئەڭ چوڭ مۇسىبەت مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇڭغۇللارغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. مۇڭغۇللار پەقەت شۇلارنىڭ ھەمكارلىششى ۋە ياردىمى بىلەنلا خىلاپەت زېمىنىغا كىرگەن. باغداد خەلىپىسى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاھلىرىنى ئۆلتۈرگەن».

ئۇلارنىڭ ئېتىقاد شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن بايراملىرى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

نورۇز بايرىمى — مىلادىيە يىلى بويىچە 4- ئاينىڭ 4- كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ كۈن ئىران يىلنامىسىنىڭ تۇنجى كۈنىدۇر.

غەدىر بايرىمى، فىراش بايرىمى ۋە مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى (يەنى ھۈسەين رضي الله عنه نىڭ كەربالادا شەھىد قىلىنغان ۋە يىل بېشى قىلىنغان ئاشۇرا كۈنى) بايرىمى قاتارلىقلار.

مۇباھەلە ۋە ياكى كىسائ كۈنى — رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەجران خرىستىئانلىرىغا مۇباھەلە ئېلان قىلغان كۈن.

قۇربان بايرىمى — زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى.

غەتتاس، ئۇنسەرە، راھىبە بەرباره، مىلاد بايراملىرى، زىرائەت تېرىش، ھوسۇل يىغىش، تىجارەت مۇئامىلىلىرىنىڭ باشلىنىشى، ئىجارىگە ئېلىش-بېرىشلەرنىڭ باشلىنىشىنى تارىخ قىلغان سەلىب بايراملىرىغا ئوخشىغان بايراملارنى ئۆتكۈزۈشىدۇ.

دالام كۈنى — رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى. يەنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه نىڭ ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى بولۇش ئېتىبارى بىلەن بۇ كۈننى تەبرىكلەيدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

ئەقىدىلىرىنى قەدىمقى بۇتپەرەستلىكتىن ئالغان. يۇلتۇزلارنى، پىلانىتلارنى مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ ۋە بۇلارنى يەنە «ئىمام ئەلىنىڭ تۇرالغۇسى» دەپ بىلىدۇ.

ئۇلارىيەنە «يېڭى ئەپلاتۇنچىلار» ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئۈستىدىكى «نۇرانىي پەيز» نەزەرىيىسىنى يېڭى ئەپلاتۇنچىلاردىن قوبۇل قىلغان. ئېتىقادلىرىنى مەجۇسىي پەيلاسوپلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىغا ئاساسەن قۇرۇپ چىققان.

«ئۈچ بىر گەۋدە، مۇقەددەسلىك» ۋە «ھاراق ئىچىش مۇباھ» دېگەنگە ئوخشىغان خرىستىئانچە قاراشلارنى ھەم قوبۇل قىلغان.

ھىندىستان ۋە شەرقىي ئاسىيا ئېتىقادلىرىدىن روھنىڭ كۆچۈشى ۋە ھۇلۇلغا ئوخشىغان پىكىرلەرنى يۆتكەپ كىرگەن.

بۇلار غۇلات (چېكىدىن ئاشقان) شىئەلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن رافىزىيلار، خۇسۇسەن سەبەئىيە (يەھۇدىي ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئنىڭ جامائىتى) لەر ئوتتۇرىغا قويغان شىئەلەرنىڭ نۇرغۇن ئەقىدىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

شىئەنىڭ غۇلاتلىرى (يەنى شىئەنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىرى) دېگەندە ئازراق ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ. شىئەلەر چوڭ جەھەتتىن رافىزىيلار، باتىنىيلار ۋە زەيدىيەلەر دەپ ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، كىچىك جەھەتتىن نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈنىدۇ. باتىنىينىڭ ئۆزىمۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك پىرقىلەرگە بۆلۈنىدۇ. «شىئە» دېگەن ئەسلى «گۇرۇھ» دېگەن گەپ بولۇپ، تۇنجى قېتىم «شىئەتۇل ئەلى (ئەلى رضي الله عنه نىڭ تەرەپتىكىلىرى، گۇرۇھىدىكىلەر)» دېگەن گۇرۇھ ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇنى — شىئەلىكنى پەيدا قىلغان تۇنجى پىتنىچى يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ باش كاتتىۋېشى، ئالتە - يەتتە كىشىلىك كومىتېتىنىڭ باشلىقى، يەمەنلىك يالغاندىن ئىسلامغا كىرىۋالغان ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ دېگەن يەھۇدىي بولۇپ، ئوسمان رضي الله عنه نىڭ شەھىد قىلىنىش سەۋەبلىرىنى، ئاندىن كېيىن باشقا سەۋەبلىرىنى پەيدا قىلغان. ئۇ ئائىشە رضي الله عنها بىلەن ئەلى رضي الله عنه ئوتتۇرىسىدا ئىغۋا تارقىتىپ ئۇرۇشقا سېلىپ قويغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ دېگەن يەھۇدىي: «ھەزرىتى ئەلىگە مۇھەببەت قىلىش كېرەك» دەپ گەپنى سىلىق باشلاپ، ئاندىن كېيىن مۇھەببەت دەرىجىسىنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ «ھەزرىتى ئەلى ئىلاھ» دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه ئۆزىنى «ئىلاھ» دەيدىغان ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى تۇتقان، ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ بولسا قېچىپ كەتكەن. ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه ئۇلارنى تۇتقاندىن كېيىن جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەن. ئەلى رضي الله عنه ئۇلاردىن قاتتىق ئادا - جۇدا ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغان «شىئە» دېگەن بىر گۇرۇھ يۇشۇرۇن مەيدانغا چىقىپ ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن. بۇ رافىزىيلار بۇرۇنقى مەجۇسىي (ئوتپەرەسلىك) ئەقىدىسىدە: «ئىلاھلىق بىر پادىشاھتىن يەنە بىر پادىشاھقا كۆچىدۇ، دادىدىن ئوغلىغا كۆچىدۇ. پادىشاھ دېگەن ئادەتتىكى ئادەم بولمايدۇ، تەڭرىنىڭ ئىلاھى نۇرى ئورۇنلاشقان ئالاھىدە ئادەملەر تەڭرىقۇت بولۇپ پادىشاھ بولىدۇ. روھ كۆچىدۇ» دېگەندەك ئېتىقادنى ئەقىدە سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلغان.

ئەينى ۋاقىتتا پارسلارنىڭ يەزدەجىرت دېگەن پادىشاھىنىڭ ئىككى مەلىكىسى ئەسىرگە چۈشۈپ، بىرى ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه غا، يەنە بىرى ئىمام ھۈسەينگە تەقدىم قىلىنغان. يۇقىرىقى ئەقىدە سەۋەبلىك ئىمام ھۈسەيىننىڭ يەزدەجىرتنىڭ قىزىدىن بولغان بالىلىرىنى پارسلار «ئىمام ھۈسەيىننىڭ بالىلىرى ئىمام بولالايدۇ» دەپ، ئىمام ھەسەننىڭ بالىلىرىنى ھېسابقا ئالماستىن، «بىزنىڭ ئىمامىز ئىمام ئەلى، ئاندىن كېيىن ھەسەن، ئاندىن كېيىن ھۈسەين» دەپ دەۋا قىلغان ۋە قىلماقتا. ھالبۇكى «تىرمىزى»، «ئەبۇ داۋۇد» ۋە باشقا ھەدىس توپلاملىرىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىمام مەھدى توغرىسىدا: «پات يېقىندا بىر كىشى چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى مېنىڭ ئىسمىمغا ئوخشايدۇ، دادىسىنىڭ ئىسمى دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ھەسەننىڭ نەسلىدىن چىقىدۇ» دەپ سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن ئىدى.

ئىمام ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى ھۈسەين (يەنى زەينۇل ئابىدىن) داڭلىق تابىئىن، كاتتا ئالىم بولۇپ، ئەھلى سۈننەتنىڭ نەزىرىدە ئۇ ياخشى مۇجتەھىد ئالىم، زاھىد، «زەينۇل ئابىدىن (ئابىدلارنىڭ زىننىتى)» دەپ داڭقى چىققان كىشى. زەينۇل ئابىدىننىڭ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى، زەيد ئىبنى ئەلى دەپ ئىككى بالىسى بولغان. زەيد ئىبنى ئەلى چوڭى ئىدى.

زەيد ئىبنى ئەلى: «ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكنى، زۇلۇم - سىتەمنى ئاغدۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتى ۋە ئىمام ھۈسەيىننىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتى بولغان بىز ھاكىمىيەت تۇتساق ئىنشائاللاھ شەرىئەت بويىچە ياخشى باشقۇرىمىز، شەرىئەتنى ياخشى تۇتۇپ ماڭىمىز» دەپ ئىنقىلاب قىلماقچى بولغان. كۇفە ۋە ھەر قايسى جايدىكى ئارمىيەنىڭ باشلىقلىرى بولغان رافىزىيلار، ساقچىلارنىڭ باشلىقلىرى ئىچىگە سىڭىپ كىرگەن فارس قالدۇق كۈچلىرىدىن ئىبارەت زىندىقلار تەشكىللىك ھالەتتە تەشەببۇس قىلىپ زەيد ئىبنى ئەلىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىساق سىز بىزگە باشلىق بولسىڭىز» دېگەن تەكلىپنى بەرگەن چاغدا، ئىمام زەيد ئىبنى ئەلى «ياخشى مۇسۇلمانلار ماڭا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارماقچى بولغان. شۇ ۋاقىتتا زەيد ئىبنى ئەلىگە تەكلىپ بەرگەن ھېلىقى ئۆزىنى «ئىسلامچى» دەپ دەۋا قىلىۋالغان كۇفىلىق رافىزىيلار ھەزرىتى زەيد ئىبنى ئەلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆمەر، ئەبۇبەكرى (رضي الله عنهما) دېگەنلەرگە قانداق قارايدىغانلىقى ھەققىدە ئىمتىھان ئالماقچى بولغان. ئۇلار: «ئىمام ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئەۋزەلمۇ ياكى ئىمام ئەلى ئەۋزەلمۇ؟» دەپ سورىغان چاغدا، ئىمام زەيد ئىبنى ئەلى بۇ كەلگەنلەرنىڭ سوئالىغا: «ئىمام ئەلى ئەۋزەل» دەپ جاۋاپ بەرگەن (بۇ مەسىلىدە زەيد ئىبنى ئەلىنىڭ كۆز قارىشى شۇنداق ئىدى ئەمما بۇ ئەلۋەتتە دەلىلگە خىلاپ). ئۇلار: «ئۇنداق بولسا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرگە لەنەت ئوقۇمسىز؟ ئادا - جۇدا بولامسىز؟» دەپ سورىغان چاغدا، ئىمام زەيد ئىبنى ئەلى: «ياق! مەن ئۇلاردىن نېمە دەپ ئادا - جۇدا بولىمەن؟! ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر دېگەن مېنىڭ بوۋام رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېقىن ۋەزىر، ياردەمچىلىرى تۇرسا؛ ئۇلار ئارقىلىق شەرىئەت بەرپا بولغان، ئۇلار ھاكىم بولغان ۋاقىتتا شەرىئەت بويىچە، سۈننەت بويىچە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغان تۇرسا؛ گەرچە ئۇلار پەزىلەتتە تۆۋەن بولسىمۇ، نامازغا پەزىلەتتە ئەۋزەل ئىمام بار يەردە مەفزۇل ئادەم ئىمام بولسا بولغاندەك، مۇشۇ خىلاپەتكىمۇ ئەۋزەل ئادەم بار يەردە مەفزۇل ئادەم (يەنى پەزىلەتتە تۆۋەن بولغان ئادەم) خەلىپە بولسا، ئىمام بولسا بولىدۇ. شۇڭا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر پەزىلەتتە تۆۋەن بولسىمۇ فازىل لېكىن ئەلى تېخىمۇ فازىل. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر مەفزۇل (يەنى پەزىلەتتە تۆۋەن) بولسىمۇ خەلىپە بولسا ھېچقىسى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان رافىزىيلار: «بىز رەت قىلىمىز!» دەپلا ئۆرۈلۈپ ماڭغان. ئىمام زەيد ئىبنى ئەلى شۇ چاغدا: «هؤلاء الرافضون (مانا بۇلار رەت قىلغۇچىلار)» دېگەن سۆزنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇلار «رافىزىيلار» دەپ ئاتالغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## ئائىلىسىكى رېتسېپلار

### سۈت كۆيۈككە پايدا قىلىدۇ
(إن شاءالله)

تاماق ئېتىۋاتقاندا ياكى چاي دەملىگەندە ماي چاچراپ كېتىش ياكى قايناقسۇ چاچراپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى قول ياكى باشقا ئەزالار كۆيۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سۈت سۈرسە ياكى مۇز قويسا ئاغرىقنى توختاتقىلى بولىدۇ.

كۆيگەندىن كېيىن تېرىدە سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولىدۇ، سۇلۇق ئىششىق يېرىلىپ كەتسە يالللۇغلىنىپ قالىدۇ شۇڭا بۇ چاغدا سوغۇق سۇغا چىلاش، مۇز پارچىسى قويۇش ياكى سوغۇق سۈتكە چىلانغان لۆڭگە قويۇش ئارقىلىق ئاغرىق توختاتقىلى ھەمدە ياللۇغنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ (إن شاءالله).

## پەيغەمبەر تىبابىتى بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### گۈرۈچ (أُرُزٌ)

گۈرۈچ قۇرۇق ئىسسىق، ئۇ بۇغدايدىن قالسىلا ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان يېمەكلىك. ئۇ قورساقنى ئازراق چىڭقايدۇ، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنى تازىلايدۇ. ھىندى تىۋىپلىرىنىڭ قارىشىدا گۈرۈچ ئەڭ ياخشى يېمەكلىك بولۇپ، ئۇنى كالا سۈتى بىلەن پىشۇرۇپ يېسە ناھايىتى مەنپەئەتلىك. بەدەننى ياشارتىشتا، ئوزۇقلۇق قىممىتى جەھەتتە ۋە رەڭنى ساپلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشىدۇر.




(بېشى ئالدىنقى ساندا)

② قان بوغقۇچ[1] بىلەن يارىلانغان پۇت - قولدىكى بوغۇش ئىمكانىيىتى بار ئورۇندىن قان تومۇرلارنى بوغىمىز.

قان بوغقۇچ ئىشلەتكەن ۋاقتىمىزدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا چوقۇم دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

(1) يارىغا نىسبەتەن يۇقىرى بەدەن تەرەپنى بوغۇشىمىز كېرەك.

(2) بىر سۆڭەكلىك ئەزا (يەنى ئۈستۈنكى



(قان بوغقۇچ)

بىلەك ۋە يوتا سۆڭەكلىرى)نىڭ يارىغا ئەڭ يېقىن تەرىپىدىن بوغۇشىمىز كېرەك.

(3) بوغۇشنىڭ چىڭ - بوشلۇقىنى قاننىڭ توختىشىغا قاراپ بەلگىلىشىمىز كېرەك.

(4) قان بوغقۇچنىڭ ئۆزىگە ياكى بوغقۇچنىڭ ئۈستى قىرىغا يېقىن تېرىگە ياكى بوغقۇچقا ئىلىنغان قەغەزگە ئۆچمەيدىغان قەلەم بىلەن قان بوغقۇچنىڭ چىگىلگەن ۋاقتىنى يېزىپ ئەسكەرتىشىمىز كېرەك چۈنكى بوغقۇچ ــ ئەزاسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن، سەكراتقا چۈشكەن، شوكتىكى[2] ياربدارلا بولمىسا يازدا بىر يېرىم سائەتتە، قىشتا بىر سائەتتە بىر قېتىم بوشىتىپ يۆتكىلىدۇ. بولمىسا بوغقۇچنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئەزانىڭ قان تومۇرلىرىدا قان ئۇيۇپ، مۇسكۇللار بۇزۇلۇپ، كېسىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدىغان ھالەتكە يېتىپ قالىدۇ.

(5) ناۋادا ياربدارغا قارايدىغان ئادەم دوختۇرخانىغا بارغۇچە ئالمىشىدىغان بولۇپ قالسا بوغقۇچ چىگىلگەن ئاخىرقى ۋاقىتنى ئۇ كىشىگە كۆرسىتىپ قويۇشىمىز كېرەك.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

ئىزاھات: ① قان بوغقۇچ ــ مەخسۇس قان توختىتىشتا ئەزالارنى بوغۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قولاي تاسما. ئەگەر ئۇ بولمىسا ئۇنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان باشقا نەرسىلەرنى ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بەل تاسمىسى، قورال تاسمىسى، قاتلانغان پاختا رەخت (نىلۇن رەخت بولمايدۇ)، سوزماق رېزىنكىسى (ياكى ئىچ كامىرنى كېسىپ ياسىۋالساقمۇ بولىدۇ) دېگەندەك. لېكىن يۇمىلاق رېزىنكە بوغقۇچ، ئاياغ بوغقۇچقا ئوخشىغان نەرسىلەر بولسا بولمايدۇ. ئۇ مۇسكۇلنى، تومۇرنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ.

② شوك ــ پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك غەيرىي تەبىئىي تەسىرلەر (مەسىلەن، پارتلاش، كۆيۈش، تۇيۇقسىز قاتتىق چوڭ مۇسىبەتلەرنى يىغىنچاق ئاڭلاش، تولغاش، بەدەننىڭ بۇزۇلۇشى) نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن؛ قان ئايلىنىش، نەپەسلىنىش، نېرۋا سىستېمىسى ۋە ماددا ئالماشتۇرۇش جەريانىنىڭ ناھايىتى قاتتىق بۇزۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان؛ ھايات ئۈچۈن تەسىرى بەكلا خەتەرلىك ۋە ئېغىر بولغان؛ كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ئامىلنىڭ بۇزغۇنچىلىق تەسىرىگە قارىتا مەلۇم بىر قانۇنىيەت ئاساسىدا ئارقىمۇئارقا شەكىللىنىدىغان؛ ھۈجەيرە، توقۇلما، ئەزا قاتارلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە پائالىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارىدىغان رېئاكسىيىلەر جەريانى. ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب، بەكلا مۇرەككەپ بولغان راۋاجلىنىش مىخانىزمى ۋە جەريانى قاتارلىقلارغا كۆرە ئۇ ئانافىلاتىك، گېموترانسفۇزىئون، كاردىئوگېن، تىراۋماتىك، ئېموتسىئونال شوك قاتارلىق بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

شوكنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدە ياربدار قاتتىق قىينىلىدۇ. رەڭگى ئاقىرىدۇ، ئەسلى - ھوشى يوقىلىپ ئەسلىگە قايتىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ياربدار ئۆزىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەي چاچراپ تۇرۇپ كېتىدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا بولۇپ قالىدۇ. بەدەن قۇۋۋىتى ۋە قان بېسىمى تۆۋەنلەپ، نەپەس تېزلىشىدۇ. ياربدار بەزىدە قەي قىلىدۇ.

ناۋادا ياربدارغا جىددىي ياردەم كۆرسىتىلمىسە يارىلىنىش سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن شوك ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ.

شوك سۆزى تىبابەتتىن باشقا ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي نۇرغۇن ساھەلەردىمۇ قوللىنىلماقتا.

ئۇ دۇنيادىكى بارلىق تىللاردا دېگۇدەك «شوك» دەپ ئىستېمال قىلىنماقتا.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈمللەر | |
|---|---|---|---|
| كُمْ | سىلەرنىڭ، سىلەرنى (ئەرلىك) | صَدِيْقُكُمْ | سىلەرنىڭ دوستۇڭلار (ئەرلىك) |
| كُنَّ | سىلەرنىڭ، سىلەرنى (ئاياللىق) | صَدِيْقُكُنَّ | سىلەرنىڭ دوستۇڭلار (ئاياللىق) |
| نَا | بىزنىڭ، بىزنى | صَدِيْقُنَا | بىزنىڭ دوستىمىز |
| اَبُو | دادا | ضَيْفُهُمْ | ئۇلارنىڭ مېھمىنى |
| اَبَاءٌ | دادىلار | اَصْدِقَاؤُهُ | ئۇنىڭ دوستلىرى |
| أُمٌّ | ئانا | اَعْدَاؤُهُ | ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى |
| أُمَّهَاتٌ | ئانىلار | جِيْرَانُهُ | ئۇنىڭ خوشنىلىرى |
| اِبْنٌ | ئوغۇل | ضُيُوفُهُ | ئۇنىڭ مېھمانلىرى |
| اَبْنَاءٌ | ئوغۇللار | اَبُو عَلِيٍّ | ئەلىنىڭ دادىسى |
| اِبْنَةٌ | قىز | أُمُّ وَلِيٍّ | ۋەلىنىڭ ئانىسى |
| بَنَاتٌ | قىزلار | اِبْنُ مُحَمَّدٍ | مۇھەممەدنىڭ ئوغلى |
| اَخٌ | قېرىنداش | اِبْنَةُ مَحْمُودٍ | مەھمۇدنىڭ قىزى |




■ ۋەتەندىن چىققان خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك دېگەن يېرىدە خىتاي ساقچى دائىرىلىرى بىر ئۆيگە تەكشۈرۈپ كىرگەندە ئۆي ئىچىدە قاتتىق پارتلاش يۈز بەرگەن. مەزكۇر پارتلاش نەتىجىسىدە بىر نەپەر ساقچى باشلىقى ۋە ئۈچ نەپەر ساقچى ياردەمچىسىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

■ 9- ئاينىڭ 16- كۈنى لىۋان بىلەن چېگرىداش بولغان سۈرىيەنىڭ قەلەمۇن رايونىدىكى مۇجاھىدلار لىۋان تەۋەلىكىدىكى ھام يېزىسىغا يوشۇرۇنۇپ كىرىپ لىۋان الله پارتىيىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ مۇجاھىدلار سېپىگە ساق - سالامەت قايتىپ كېلىۋالغان.

■ 9- ئاينىڭ 17- كۈنى ئامېرىكا ئارمىيىسى سۈرىيەنىڭ دېرىزور ۋىلايىتىدىكى تاردا تاغلىرىغا جايلاشقان بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ نۇقتىلىرىنى تۆت قېتىم بومباردىمان قىلغان، نەتىجىدە بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن 62 سى ئۆلۈپ 100 گە يېقىنى يارىلانغان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە سەككىز نەپەر رۇس ئەسكىرىنىڭ بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

■ 9- ئاينىڭ 18- كۈنى يەمەننىڭ رىدا ۋىلايىتىدىكى نۇفان تېغىغا ھۇسەين شىئە كاپىرلىرى ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن بۇ تاغۇت قوشۇنلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنگەن، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر شىئە كاپىرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 9- ئاينىڭ 18- كۈنى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدا سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ چوڭ ھەربىي قوماندانى قوغدىغۇچىلىرى بىلەن يولدا كېتىۋاتقاندا ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز بۇ ھەربىي قوماندانغا قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بۇ چوڭ ھەربىي قوماندان بىر نەچچە نەپەر قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 9- ئاينىڭ 19- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شىبىيلى سەفلا ۋىلايىتىدىكى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە كۆپلىگەن ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان، ئىككى دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 9- ئاينىڭ 19- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ مەيدان ۋاردان ۋىلايىتىدىكى بىر قانچە رايونلاردا تاغۇت ئارمىيىسىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىملىق جەڭ ئەتىگەن سائەت ئالتىدە باشلانغان بولۇپ كەچكىچە داۋاملاشقان. مەزكۇر جەڭ نەتىجىسىدە ئالتە نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن تۆت نەپىرى يارىلانغان، ئۈچ دانە تانكا ۋە بىر دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 9- ئاينىڭ 19- كۈنى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىدە 15 نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرى قورال - ياراقلىرى بىلەن بىللە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى سېپىغا قېتىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەققە قايتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

■ 9- ئاينىڭ 20- كۈنى سومالىنىڭ جېلجىدوت ۋىلايىتىدە 60 نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرى قورال - ياراقلىرى بىلەن بىللە ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 9- ئاينىڭ 21- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۈرىيەنىڭ ھاما ۋىلايىتىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن پەتھى بولغان مۆئرەدىس يېزىسى ۋە ئىسكەندىرىيە يېزىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن بۇ تاغۇت قوشۇنلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنىپ كۆپلىگەن ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. بىر دانە تانكا ۋە بىر دانە ئەسكەر توشۇغۇچى BMP سى ۋەيران بولغان، نۇرغۇن قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 9- ئاينىڭ 22- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كىنىيەنىڭ ھامى رايونىدىكى بىر ساقچى مەركىزىگە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئالتە نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، ئىككى نەپەر ئەسكەر ئەسىرگە چۈشكەن. كۆپلىگەن مىقداردىكى قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 9- ئاينىڭ 22- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ لەغمەن ۋىلايىتىنىڭ ئەلىنجارى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئامېرىكا ئارمىيىسىگە قارشى جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 5 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ۋە 10 نەچچە نەپەر مۇرتەد ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 9- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ دايكەندى ۋىلايىتىنىڭ جەيزاپ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيەگە قارشى كەڭ كۆلەمدە تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ھازىرغىچە 12 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى فەتھ بولغان، 25 نەپەر ئەسكەر قورال - ياراقلىرى بىلەن بىللە مۇجاھىدلار سېپىگە تەسلىم بولۇپ چىققان، قالغانلىرى ۋىلايەت مەركىزىگە قېچىپ كەتكەن.

■ 9- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ غور ۋىلايىتى شىنكوت رايونىدا مۇجاھىدلارنى بومبادىمان قىلىۋاتقان مۇرتەد ئارمىيەنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن، نەتىجىدە تىكئۇچار ئىچىدىكى ئەسكەرلەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 9- ئاينىڭ 26- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ غەزنى ۋىلايىتى سەيداۋل رايونىدا ئافغانىستان مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنى توشۇۋاتقان ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 19 نەپەر ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان، كۆپلىگەن مىقداردا قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 9- ئاينىڭ 27- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى بەھسۇد رايونىدا ئامېرىكا تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە جاسۇس ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 9- ئاينىڭ 27- كۈنى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ شىزۇيشەن شەھىرىدىكى نىڭشىيا لىنلى كۆمۈرچىلىك شىركىتىنىڭ كۆمۈر كېنىدا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. نەتىجىدە 12 نەپەر خىتاي ئۆلگەن، 8 نەپەر خىتاي قۇدۇق ئاستىدا قاپسىلىپ قالغان.

■ 9- ئاينىڭ 29- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ تاران رايونىدىكى بىر بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىدا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 9 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ بىر ئاينىڭ ئالدىدا باشلانغان ھاما ۋىلايىتىنى فەتھ قىلىش جېڭى داۋاملاشماقتا. مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ ھەپتىلىك جەڭ جەريانىدا ھەفسىين، قاھىرە، شەئىسا، تەل ئەسۋەد، كىبارىيە، جەمىينە، تەل ئىسىيە، كارراھ يېزىسى قاتارلىق يېزىلارنى ۋە كۆپلىگەن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى فەتھ قىلغان، 100 دىن ئارتۇق تاغۇت ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە نۇرغۇنلىرى يارىلانغان. تاغۇت ئارمىيىسىنىڭ 5 دانە تانكىسى ۋە 8 دانە ئەسكەر توشۇغۇچى BMP سى ۋەيران بولغان. 8 دانە تانكا، 2 دانە ئەسكەر توشۇغۇچى BMP ۋە كۆپلىگەن مىقداردا يېنىك تىپتىكى قورال - ياراق، ئوق - دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن. جەڭ ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.